# شى جىنپىڭ نېپال زۇڭلىسى ئولى بىلەن سۆھبەتلەشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نېپال تەرەپ بىلەن سىياسەت جەھەتتىكى ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى جەھەتتىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشنى خالايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى تېزدىن ئۆستۈرۈپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى نېپال بەرپا قىلىۋاتقان «قۇرۇقلۇقتىكى تۇتاشتۇرغۇچى دۆلەت»تىن ئىبارەت دۆلەت سىياستى بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇپ، چېگرا ھالقىغان تاشيولنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ئۆزگەرتىشنى پائال ئويدلىشىپ، چېگرا ھالقىغان تۆمۈريول مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتىنى باشلاپ، چېگرا پورتىنى پەيدىنپەي كۆپەيتىپ ئېچىپ، ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى بىۋاسىتە ئاۋىياتسىيە قاتنىشىنى كۆپەيتىپ، خەۋەرلىشىش ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ھىمالايادىن ھالقىغان ئۈستىرېبۇلۇق ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇش، ئۆزئارا راۋانلاشتۇرۇش تورىنى تېزدىن بەرپا قىلىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، سودا ۋە سېلىنمىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگو ـ نېپال چېگرا ھالقىغان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە سېلىنما ھەمكارلىقىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. جۇڭگو تەرەپ نېپال تەرەپنىڭ سۇ ئېلېكتىرىنى مۇۋاپىق ئېچىشىغا ياردەم بېرىشنى خالايدۇ. تۆتىنچىدىن، ئەل قەلبىنى تۇتاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مائارىپ، ساياھەت، يەرلىك قاتارلىق ساھەلەردىكى ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. جۇڭگو تەرەپ نېپالنىڭ يەر تەۋرەش ئاپىتىدىن كېيىنكى قايتا قۇرۇشنى قۇربىنىڭ يېتىشىچە داۋاملىق ياردەم بىلەن تەمىنلەيدۇ. سۇ بىلەن تەمىنلەش، سۇ سۈپىتىنى ياخشىلاش تۈرىنى ياخشى ئىشلەپ، جۇمولاڭما چوققىسىنى قوغداش ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش كېرەك. بەشىنچىدىن، قانۇن ئىجرا قىلىش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، تېررورىزم ۋە دۆلەت ھالقىغان جىنايەتكە ئورتاق زەربە بېرىپ، ئورتاق خەۋپسىزلىكنى قوغداش كېرەك. ئالتىنچىدىن، كۆپ تەرەپلىك ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كۆپ تەرەپچىللىك ۋە ئەركىن سودا تۈزۈلمىسىنى ئورتاق قوللاپ، ئىككى دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ھوقۇقىنى قوغداش كېرەك.

ئولى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئۆتكەن 70 يىلدا، جۇڭگو دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشى نېپالنىڭ مۇھىم پۇرستى. رەئىس شى جىنپىڭ ئۇلۇغ جۇڭگونىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن داھىيسى بولۇپلا قالماي، يەنە نېپال خەلقى ۋە دۇنيا خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن قالتىس داھىي. رەئىس شى جىنپىڭنىڭ زىيارەتكە كېلىشى نېپال ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىدىكى تارىخىي پەيت، نېپال خەلقىنىڭ خۇشاللىق ھېسسىياتىنى تىل بىلەن ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. رەئىس شى جىنپىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتىدە نېپال ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى ئۇلۇغۋار پىلانىنى سىزىپ بەردى، بۇ جەزمەن نېپال ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئاچىدۇ.

ئولى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: نېپال بىلەن جۇڭگو ھەقىقىي دوست ۋە ھەمراھ بولۇپ، ئەزەلدىن ئۆزئارا ھۆرمەتلەپ، ئۆزئارا قوللاپ، ئۆزئارا ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماي كەلدى، نېپال بىلەن جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى مۇستەھكەم. مەيلى تاشقى ۋەزىيەتتە قانداق ئۆزگىرىش يۈز بەرسۇن، نېپال تەرەپنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان دوستانە سىياسىتى ئۆزگەرمەيدۇ، نېپال ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ دوستانە تەرەققىي قىلىش يۆنىلىشى ئۆزگەرمەيدۇ. نېپال تەرەپ جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغدىشىنى قەتئىي قوللايدۇ، بىر جۇڭگو پرىنسىپىغا قەتئىي ئەمەل قىلىدۇ، ھەرقانداق كۈچنىڭ نېپال زېمىنىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگوغا قارشى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، شۇنداقلا قەتئىي يول قويمايدۇ.

ئولى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: نېپال تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان بەرگەن قىممەتلىك مەدەتنى ۋە ياردىمىگە رەھمەت ئېيتىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ھىمالايادىن ھالقىغان ئۈستىرېبۇلۇق ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇش، ئۆزئارا راۋانلاشتۇرۇش تورى بەرپا قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، تېخىمۇ كۆپ جۇڭگولۇق ساياھەتچىنىڭ نېپالغا ساياھەتكە كېلىشىنى قارشى ئالىدۇ، تېخىمۇ كۆپ جۇڭگو كارخانىسىنىڭ نېپالغا كېلىپ مەبلەغ سېلىشىنى قارشى ئالىدۇ. نېپال تەرەپ جۇڭگونىڭ دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە خەلقئارا تەرتىپنى قوغداش جەھەتتە مۇھىم ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرغانلىقىنى ئالقىشلايدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئالاقە ۋە ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئوتتۇرا، كىچىك دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتىنى ياخشى قوغداشنى خالايدۇ.

سۆھبەتتىن كېيىن، ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى بىرلىكتە ئىككى تەرەپنىڭ ھەمكارلىق ھۆججەتلىرىنى ئالماشتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى، بۇ ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇش، ئۆزئارا راۋانلاشتۇرۇش، ئىقتىساد ـ سودىغا مەبلەغ سېلىش، چېگرا باشقۇرۇش قاتارلىق كۆپ ساھەگە چېتىلىدۇ.

ئىككى تەرەپ بىرلىكتە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن نېپالنىڭ قوشما باياناتى»نى ئېلان قىلدى.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتكە قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شۇ جاي ۋاقتى 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتە، شى جىنپىڭ كاتماندۇدىن ئايرىلىپ دۆلەتكە قايتىشقا ئاتلاندى. مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن نېپال خەلقى ئۆزلۈكىدىن كوچىغا چىقىپ، ئايروپورتقا بارىدىغان يولنىڭ ئىككى ياقىسىغا يىغىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى جۇڭگو ـ نېپال ئىككى دۆلەتنىڭ دۆلەت بايرىقىنى پۇلاڭلىتىپ تۇراتتى، بەزىلىرى رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن زۇڭتۇڭ باندارىنىڭ سۈرىتى ھەمدە «ياشىسۇن جۇڭگو ـ نېپال دوستلۇقى» دېگەن شوئارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇراتتى، بەزىلىرى نېپالنىڭ مىللىيچە چالغۇلىرىنى چالسا، يەنە بەزىلىرى داقا ـ دۇمباق چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، رەئىس شى جىنپىڭغا بولغان سەمىمىي ھۆرمىتىنى ئىپادىلىدى.

باندارى ئايروپورتتا شى جىنپىڭ ئۈچۈن داغدۇغىلىق ئۇزىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. نېپالنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى پۇئېن، زۇڭلىسى ئولى، فېدېراتسىيە پارلامېنتى فېدېراتسىيە پالاتاسىنىڭ رەئىسى تىمىرسىنا، بارلىق ئىچكى كابىنېت ئەزالىرى، ھەربىي تەرەپنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك جىاڭلىرى قاتناشتى.

10 ـ ئايدىكى كاتماندۇدا قۇياش پارلاپ تۇراتتى، بۇلۇتلار كۆكتە ئۈزۈپ راھەتبەخش سالقىن شامال چىقىپ تۇراتتى. ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھىمالايا تېغى نېپال خەلقىنىڭ جۇڭگو رەھبىرىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى، چىن دوستلۇقىغا گۇۋاھ بولۇپ تۇراتتى. شى جىنپىڭ ئايروپورتقا يېتىپ كەلگەندە، زۇڭتۇڭ باندارى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيگەن نېپال سەنئەتكارلىرى ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويىنىدى، ئۆسمۈرلەر ـ بالىلار قولىدا جۇڭگو ـ نېپال ئىككى دۆلەتنىڭ دۆلەت بايراقلىرىنى كۆتۈرگىنىچە، جۇڭگو تىلىدا: «شى بوۋا خەير ـ خوش!» «بىز سىزنى سۆيىمىز!» «سىزنىڭ يەنە نېپالدا زىيارەتتە بولۇشىڭىزنى قارشى ئالىمىز!» دەپ تەنتەنە قىلىشتى. شى جىنپىڭ ئۇزىتىشقا چىققان كىشىلەر توپىغا پات ـ پات قول ئىشارىسى قىلىپ ئېھتىرام بىلدۈردى.

شى جىنپىڭ باندارىنىڭ ھەمراھلىقىدا پاراتنى كۆزدىن كەچۈرۈش مۇنبىرىگە چىقتى. ھەربىي ئوركېستىر جۇڭگو ـ نېپال ئىككى دۆلەتنىڭ دۆلەت شېئىرىنى ئورۇنلىدى، 21 پاي ھۆرمەت توپى ئېتىلدى.

شى جىنپىڭ نېپالنىڭ مىللىي مۇزىكىسى ۋە بالىلارنىڭ تەنتەنە ساداسى ئىچىدە نېپال تەرەپنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ خوشلاشتى. باندارى جۇڭگو تەرەپنىڭ ھەمراھ خادىملىرى بىلەن قول ئېلىشتى.

باندارى قىزى ئۇشا بىلەن ئايروپىلان شوتىسى يېنىغا كېلىپ ئۇزىتىپ قويدى. ئۇشا شى جىنپىڭغا گۈلدەستە تەقدىم قىلدى. شى جىنپىڭ باندارى بىلەن سەمىمىي خوشلاشتى. شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: مېنىڭ بۇ قېتىم نېپالغا قىلغان زىيارىتىم ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. مەن نېپال زېمىنىغا قەدەم قويۇشۇم بىلەنلا نېپال ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇم. نېپالدىكى ھەر ساھە زاتلار ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ سەمىمىي، جىلۋىلىنىپ تۇرغان خۇش تەبەسسۇمىدىن مەن جۇڭگو ـ نېپال دوستلۇقىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم، جۇڭگو ـ نېپال ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنىڭ مۇستەھكەم ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەندىم. زۇڭتۇڭ خانىم، نېپال ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ مېنىڭ زىيارىتىم ئۈچۈن كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇش قىلغانلىقىغا رەھمەت. بۇ قېتىمقى زىيارەت جۇڭگو ـ نېپال مۇناسىۋىتىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈردى، مەن ئىنتايىن رازى بولدۇم. بىز ئورتاق تىرىشىپ، جۇڭگو ـ نېپال دوستلۇقىغا ۋارىسلىق قىلايلى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرايلى.

باندارى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: سىزنىڭ زىيارەتكە كېلىشىڭىز بارلىق نېپال خەلقىنىڭ شەرىپى، بىز خۇشاللىق ھېسسىياتىمىزنى تىل بىلەن ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىمىز. زىيارەتنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقى، نەتىجىسىنىڭ مول بولغانلىقى نېپال ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتى تارىخىدىكى بىر مۇھىم ئابىدىگە ئايلاندى، نېپال ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يېڭى دەۋرگە كىردى، يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلدى، نېپال پۈتۈن مەملىكەت بويىچە شادلىققا چۆمدى. نېپال تەرەپ قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە ئىككى دۆلەتنىڭ ئىناق قوشنىدارچىلىق دوستلۇقى ۋە ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى ئالغا سىلجىتىدۇ.

# شى جىنپىڭ نېپال كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى پراچاندا بىلەن كۆرۈشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيەنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورنىنى مۇستەھكەملەشتىكى ئاساسىي تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى. شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى نېپال كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە ئوخشاشلا ماركسىزمنى يېتەكچى ئىدىيە قىلغان، نېپال كومپارتىيەسى بىلەن پارتىيەلەر ئارا ئالاقىنى كۈچەيتىپ، قەرەللىك ئالماشتۇرۇش مېخانىزمى ئورنىتىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەجرىبىلىرىدە ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ، پەرقلەرنى ساقلاپ قالىدىغان، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا ئۆرنەك ئالىدىغان يېڭىچە سىياسىي پارتىيەلەر مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىشنى خالايدۇ.

پراچاندا رەئىس شى جىنپىڭنىڭ نېپالغا زىيارەتكە كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالدى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىدى، ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ مىسلىسىز تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇردى، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، نېپال كومپارتىيەسى بۇنىڭغا ئىنتايىن قايىل، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە داۋاملىق رەھبەرلىك قىلىپ، بارلىق جاپا ـ مۇشەققەت ۋە خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلارنى يېڭىپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرالايدىغانلىقىغا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ ھەم تىلەكداشلىق بىلدۈرىدۇ. نېپال تەرەپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىلەن ئۇزاق مەزگىللىك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، جۇڭگو كومپارتىيەسىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. رەئىس شى جىنپىڭنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتىنىڭ جەزمەن نېپال ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈپ، نېپالنىڭ دۆلەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا كۈچ قوشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. نېپال ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتى تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنى ئاساس قىلغان، بىر ـ بىرىگە ئۆزئارا ئىشىنىدۇ، ئۆزئارا قوللايدۇ. نېپال تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىپ، خەلقئارا مۇناسىۋەتتە تىنچلىقنى قوغداپ، ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ياقلاپ، ئوتتۇرا، كىچىك دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىغانلىقىنى يۈكسەك ئالقىشلايدۇ. نېپال تەرەپ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشقا پائال قاتنىشىپ، ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

# شى جىنپىڭ زۇڭتۇڭ باندارى ئۆتكۈزگەن قارشى ئېلىش زىياپىتىگە قاتناشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. جۇغراپىيەلىك شارائىت نېپال ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەتنى قوشنا قىلدى، تارىخ ۋە ئادىمىيەت رىشتىسى بىزنى يېقىن دوستلارغا ئايلاندۇردى. نېپال ـ جۇڭگودىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت باشتىن ـ ئاخىر ئۆزئارا ئىشەندى، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلدى، نېپال ـ جۇڭگو دوستلۇقى مۇستەھكەم، دېڭىزدەك چوڭقۇر، جۇمولاڭما چوققىسىدەك يۈكسەك. ئىشىنىمەنكى، كەلگۈسىدە نېپال ـ جۇڭگو دوستلۇقىنىڭ ئىستىقبالى تېخىمۇ كەڭ بولىدۇ.

شى جىنپىڭ سۆزىدە مۇنداق دېدى: بۇ مېنىڭ 1 ـ قېتىم «شەرەپلىك شەھەر» كاتماندۇنى زىيارەت قىلىشىم، كۆپلىگەن كونا ـ يېڭى دوستلار بىلەن كۆرۈشتۈم، نېپالدا سىياسەت راۋان، ئەل ئىناق، خەلق خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قەلبىم خۇشاللىققا تولدى، ئۈمىدىم تولۇپ تاشتى. جۇڭگو ـ نېپال دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئىككى تەرەپ قول تۇتۇشۇپ ھەمسەپەر بولۇپ، قوشنا دۆلەت دوستلۇقى، ئالاقىسىنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلىدى. مەن ۋە زۇڭتۇڭ باندارى ئىككى تەرەپنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش روھى بويىچە، جۇڭگو ـ نېپالنىڭ تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشكە يۈزلەنگەن ئەۋلادمۇئەۋلاد دوستانە ئۆتىدىغان ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى ئورتاق قارار قىلدۇق. مەن ئىككى دۆلەتنىڭ تېخىمۇ قويۇق سىياسىي مۇناسىۋەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، ئىككى دۆلەتنىڭ تېخىمۇ قولاي ئالاقە تورىنى بەرپا قىلىشىنى، ئىككى دۆلەتنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەم ئەلرايى ئاساسىنى پۇختىلىشىنى، ئىككى دۆلەتنىڭ تېخىمۇ مول كۆپ تەرەپلىك ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن ناھايىتى خۇشال، مېنىڭ بۇ ئۈمىدلىرىمدە نېپال رەھبەرلىرى بىلەن ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىنىپ، جۇڭگو ـ نېپال مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى ئۇلۇغۋار پىلانى سىزىلىپ بېرىلدى. مەن دائىم «بىر ئۇلۇغۋار پىلاننى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇش كېرەك» دەيمەن. بىز قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى كەلگۈسىنى ئورتاق پۈتەيلى. نېپالنىڭ گۈللەپ ياشنىشىنى، خەلقىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلەيمەن، جۇڭگو ـ نېپال ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد دوستانە ئۆتۈشىگە تىلەكداشمەن.

زىياپەت داۋامىدا، نېپال سەنئەتكارلىرى يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ناخشا ـ ئۇسسۇللارنى ئورۇنلىدى، يەنە چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن «كومپارتىيە بولمىسا يېڭى جۇڭگو بولمايتتى»، «مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم» قاتارلىق كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايدىغان جۇڭگو ناخشىلىرىنى ئورۇنلىدى.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار قاتناشتى.

# كىچىككىدىن باشلاپ ئاۋانگارتلاردىن ئۆگىنىپ، چوڭ بولغاندا ئاۋانگارتلاردىن بولۇپ، تىرىشىپ مىللەتنى گۈللەندۈرۈش زور ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالالايدىغان دەۋر يېڭى كىشىلىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېڭى دەۋردىكى پىيونېرلار ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، خەلقنى قىزغىن سۆيۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى قىزغىن سۆيۈپ، ئۇلۇغۋار غايە تىكلەپ، ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەت يېتىلدۈرۈپ، قېتىرقىنىپ بىلىم ئۆگىنىپ، چېنىقىپ بەدىنىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، ئەمگەك روھىنى يېتىلدۈرۈپ، كىچىككىدىن باشلاپ ئاۋانگارتلاردىن ئۆگىنىپ، چوڭ بولغاندا ئاۋانگارتلاردىن بولۇپ، تىرىشىپ مىللەتنى گۈللەندۈرۈش زور ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالالايدىغان دەۋر يېڭى كىشىلىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى كېرەك!

پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەت پىيونېرلار خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر رەھبەرلىك ۋە كاپالەتنى كۈچەيتىپ، پىيونېرلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە پىيونېرلار ئەترىتى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى پۈتۈن ئىتتىپاق تەشكىلاتى بويىچە يېتەكلەش ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىپ، پىيونېرلار ئەترىتىنى ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، باشتىن ـ ئاخىر پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، قىزىل گالستۇكنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇشقا ئىتتىپاقلاشتۇرۇشى، يېتەكلىشى كېرەك!

**شى جىنپىڭ**

2019 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ تەبرىك خېتىدە مۇنداق كۆرسەتتى: 70 يىلدىن بۇيان، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە، پىيونېرلار ئەترىتى تەشكىللىك تەربىيەلەش، ئۆز ئالدىغا تەربىيەلەش، ئەمەلىيەتتە تەربىيەلەشنىڭ ئۆزئارا بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پىيونېرلار ئەترىتى ئۆسمۈرلەر ـ بالىلارنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمنى ئۆگىنىدىغان مەكتەپ بولۇشى، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمنى قۇرۇشنىڭ زاپاس ئەترەت بولۇشى كېرەك. يېڭى دەۋردىكى پىيونېرلار ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، خەلقنى قىزغىن سۆيۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى قىزغىن سۆيۈپ، ئۇلۇغۋار غايە تىكلەپ، ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەت يېتىلدۈرۈپ، قېتىرقىنىپ بىلىم ئۆگىنىپ، چېنىقىپ بەدىنىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، ئەمگەك روھىنى يېتىلدۈرۈپ، كىچىككىدىن باشلاپ ئاۋانگارتلاردىن ئۆگىنىپ، چوڭ بولغاندا ئاۋانگارتلاردىن بولۇپ، تىرىشىپ مىللەتنى گۈللەندۈرۈش زور ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالالايدىغان دەۋر يېڭى كىشىلىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەت پىيونېرلار خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر رەھبەرلىك ۋە كاپالەتنى كۈچەيتىپ، پىيونېرلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە پىيونېرلار ئەترىتى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى پۈتۈن ئىتتىپاق تەشكىلاتى بويىچە يېتەكلەش ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىپ، پىيونېرلار ئەترىتىنى ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، باشتىن ـ ئاخىر پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، قىزىل گالستۇكنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇشقا ئىتتىپاقلاشتۇرۇشى، يېتەكلىشى كېرەك.

جۇڭگو پىيونېرلار ئەترىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرغان ۋە رەھبەرلىك قىلغان ھەم كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىشنى ھاۋالە قىلغان جۇڭگو ئۆسمۈرلەر ـ بالىلار ئاممىۋى تەشكىلاتى. 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى قۇرۇلغاندىن بۇيان، پىيونېرلار ئەترىتى پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ ۋەزىيىتىنى زىچ چۆرىدەپ، ئۆسمۈرلەر ـ بالىلارنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، ئەمەلىيەت پائالىيەتلىرىنى تەسىرلىك، جانلىق قانات يايدۇرۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈردى. نۆۋەتتە، پۈتۈن مەملىكەتتە ئالتە ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان تەخمىنەن 130 مىليون پىيونېر بار.